قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# كىچىك قاراسەنباۋ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

13

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# كىچىك قارا سەنباۋ




ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: تەي ماۋشىن
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

1. سەنباۋ قارا تەنلىك، شوخ، ئوماق بالا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى كىچىك قارا سەنباۋ دەپ ئاتىشىدىكەن.



2. بىر كۈنى، ئانىسى ئۇنىڭغا بىر قىزىل مايكا، كۆك كالتە ئىشتان، شۆچىك ئاياغ، يېشىل كۈنلۈك ئېلىپ بېرىپتىكەن، ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.



3. ئۇ كىيىمنى كىيىپ كۈنلۈكنى ئېلىپ، هايۋانلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا بېرىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن هايۋانلار «نېمىدېگەن چىرايلىق - هە!» دەپ ماختىشىپتۇ.



4. ئۆلىمىغان يەردىن بىر يولۋاس چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ
چىقىپ كەپتۇ ۋە: «بۈگۈن ئەجەب ئوبدان كۈن بوپتۇ، تورت ئالدىم-
غىلا كەپتۇ» دەپ ھۆركىرەپتۇ. كىچىك سەنباۋ بەك قورقۇپ كېتىپ-
تۇ.



5 . ئۇ تىللىرىمۇ گەپكە كەلمىگەن هالدا:
«يو. . . لۋاس ئەپەندىم، مېنى يېمىسىلە، بۇ
قىزىل مايكامنى سىلىگە بېرەي» دەپ يالۋۇ-
رۇپتۇ.



6. يولۋاس قىزىل مايكىنى كە-
يىپ، سۇ يۈزىدە ئۆزىنىڭ شولىسىنى
كۆرۈپ: «بولىدىكەن، بۇ مايكىنى كە-
يىپ خېلى روھلۇق بولۇپ قاپتىمەن،
ئورمان پادىشاھى بولۇشقا لايىق بولۇپ-
تىمەن، بولىدۇ، سېنى يېمەي!» دەپتۇ.





7. كىچىك سەنباۋ مايكىسىدىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم
بولغان هالدا كېتىۋاتسا،يەنە بىر يولۋاس چىقىپ: «بۈگۈن يامان
ئەمەس كۈن بوپتۇمۇ-نېمە، سېنى بىر ۋاخلىق تاماق قىلسام
بولغۇدەك» دەپتۇ.



8. بۇ قېتىم كىچىك سەنباۋ كۆك كالتە ئىشتىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، يولۋاس سۇ يۇزىدە ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرۇپ مەمنۇن بوپتۇ.

9. كىچىك سەنباۋ يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى يولۋاس ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «بۈگۈن ھە-قىقەتەن يامان ئەمەس كۈن بوپتۇ، سېنى يەپ قورسىقىمنى تويغۇزسام بولغۇدەك» دەپتۇ.



10. بۇ قېتىم كىچىك سەنباۋ شۆچىڭ ئايىغىنى سىلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. يولۋاس ئاچچىقلانغان هالدا: «سەن مېنىڭ تۆت پۇتۇمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇ بىر جۇپ ئاياغنى قانداق كىيىمەن؟» دەپتۇ.





11. كىچىك سەنباۋ بىر دەم
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «ئىككى
قۇلىقىڭغىلا كىيىۋالساڭ بولمىدى-
مۇ؟» دەپتۇ. يولۋاس ئاياغنى قۇ-
لىقىغا كىيىپ،سۇ يۈزىدە ئۆز شولى-
سىنى كۆرۈپ مەمنۇن بوپتۇ.

12. كىچىك سەنباۋ قىپيالىڭاچ هال-
-دا يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ كې-
تىۋېتىپ، ئىزا تارتقىنىدىن يېشىل كۆنلۈ-
كى بىلەن بەدىنىنى توسۇۋاپتۇ.




13. تۆتىنچى يولۋاس ئېتىلىپ چىقىپ: «بۈگۈن بەك ياخشى كۈن بوپتۇ . سېنى چۈشلۈك تاماق قىلسام بولغۇدەك» دەپتۇ.



14. كىچىك سەنباۋ يېشىل كۆنلۈكنى
يولۋاسنىڭ قۇيرۇقىغا قىستۇرۇپ قويغان ئىكەن،
يولۋاس سۇ يۈزىدە ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ
بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.



15. كىچىك سەنباۋ ھەممە نېمىسى-
دىن ئايرىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ
يىغلاپ كېتىپتۇ.



16. تۇساتتىن، ئۇ يەنە يولۋاسنىڭ ھۆۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ-تۇ-دە، دەرھال كوكوس دەرىخىنىڭ كەينىگە مۆكـۈۋېلىپ ماراپ تۇرۇپتۇ.




17. ئەسلىدە، تۆت يولۋاس ئۆزلىرىنى چىرايلىق چاغلاپ، ئورمان پادىشاھلىقىنى تالىشىۋاتقان ئىكەن.



18. ئۇلار تالىشا-تالىشا ئاخىر كىچىك سەنباۋنىڭ نەرسىلىرى-
نى تاشلىۋېتىپ، بىر-بىرىگە ئېتىلىشقا باشلاپتۇ. كىچىك سەنباۋ دەر-
ھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋاپتۇ.





19. بۇ چاغدا تۆت يولۋاس بىر-بىرىنىڭ
قۇيرۇقلىرىنى چىڭ چىشلىشىپ، بىر-بىرىنى
يېمەكچى بولۇشۇپ،بىر تۈپ كوكۇس دەرىخىنى
ئايلىنىپ تازا چۆرگىلەپتۇ.



20. ئۇلار بارغانسېرى تېز چۆرگىلەپ، بېشى نەدە، قۇيرۇقى نەدە، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئېرىپ، قېلىن بىر قەۋەت قايماققا ئايلىنىپتۇ.



21 . كىچىك سەنباۋنىڭ
دادىسى بىر چوڭ ئىدىشنى ئې-
لىپ كېلىپ، قايماقلارنى قاچى-
لاپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

22. ئاپىسى بۇ قايماقلارنى ئىشلىتىپ، نۇر-
غۇن قوتۇرماچ پىشۇرۇپتۇ.



23. ئاپىسى 27نى يەپتۇ، دادىسى 50 نى يەپتۇ. كىچىك سەنباۋ
بولسا 169نى يەپ قورسىقى كۆپۈپ خۇددى شارغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.



مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-817-3

总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)